# خۇاڭخې دەرياسى ئېقىن رايونىنىڭ ئېكولوگىيەسىنى ئاسراش ۋە يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ياخشى تۇتۇش چېڭدۇ ـ چۇڭچىڭ رايونى قوش شەھەر ئىقتىساد چەمبىرىكى قۇرۇلۇشىغا زور كۈچ بىلەن تۈرتكە بولۇش كېرەك

(بېشى 1 ـ بەتتە)

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: خۇاڭخې دەرياسى ئېقىن رايونىنىڭ ئېكولوگىيەسىنى ئاسراش ۋە يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىي قىلدۇرۇش پرىنسىپىنى ياخشى ئىگىلەش، يىرىك پىلاننى ياخشى تۈزۈش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى كۈچەيتىش كېرەك. ئېكولوگىيەنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇشتا، يېشىل تەرەققىياتتا چىڭ تۇرۇش، زىيادە ئارىلىشىۋېلىش، زىيادە پايدىلىنىشنى تەبىئىيلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، ئارام ئالدۇرۇپ ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ئۆزگەرتىپ، يېشىل، ئىمكانىيەتلىك سىجىل بولغان يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىيات يولىدا قەتئىي مېڭىش كېرەك. سۇنى ئۆلچەپ ئىش قىلىش، سۇنى تېجەشنى مۇھىم ئورۇنغا قويۇشتا چىڭ تۇرۇپ، نامۇۋاپىق سۇ ئىشلىتىش ئېھتىياجىنى قەتئىي تىزگىنلەپ، سۇ ئىشلىتىش ئۇسۇلىنىڭ يىرىك، تۆۋەن ئۈنۈمدىن تېجەشلىك، تۈجۈپىلىك بولۇشقا ئۆزگىرىشىگە تۈرتكە بولۇش كېرەك. شارائىتقا قاراپ ئىش كۆرۈش، تۈرگە ئايرىپ تەدبىر يۈرگۈزۈشتە چىڭ تۇرۇپ، ھەرقايسى جايلارنىڭ سېلىشتۇرما ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئاشلىق تېرىشقا ماس كەلسە ئاشلىق تېرىش، دېھقانچىلىق قىلىشقا ماس كەلسە دېھقانچىلىق قىلىش، سانائەت بىلەن شۇغۇللىنىشقا ماس كەلسە سانائەت بىلەن شۇغۇللىنىش، سودا قىلىشقا ماس كەلسە سودا قىلىش كېرەك. بىرتۇتاش پىلانلاش، ماس ئالغا سىلجىتىشتا چىڭ تۇرۇپ، پۈتۈن ئېقىن رايونى ۋە ئېكولوگىيە سىستېمىسىنىڭ بىر پۈتۈنلۈكىنى مەۋقە قىلىپ، چوڭ ئاسراشنى ئورتاق چىڭ تۇتۇپ، چوڭ تۈزەشنى ماس ئالغا سىلجىتىش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: خۇاڭخې دەرياسى ئېقىن رايونىنىڭ ئېكولوگىيەسىنى ئاسراش ۋە يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىي قىلدۇرۇشتا، گەۋدىلىك مۇھىم، زور مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. سۇ مەنبەسىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش، سۇ ـ تۇپراقنىڭ ئېقىپ كېتىشىنى تىزگىنلەش، خۇاڭخې دېلتىسىدىكى سۇلۇق يەرلەرنىڭ ئېكولوگىيە سىستېمىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش قاتارلىق قۇرۇلۇشلارنى يولغا قويۇپ، خۇاڭخې دەرياسى ئېقىن رايونىنىڭ ئېكولوگىيەسىنى ئاسراش، ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى ئالغا سىلجىتىش كېرەك. سۇ بۇلغىنىشنى ئۈنۈبېرسال تۈزەش، ئاتموسفېرا بۇلغىنىشىنى ئۈنۈبېرسال تۈزەش، تۇپراق بۇلغىنىشىنى تۈزەش قاتارلىق قۇرۇلۇشلارنى يولغا قويۇپ، خۇاڭخې دەرياسى ئېقىن رايونىنىڭ بۇلغىنىشىنى تۈزەش سالمىقىنى ئاشۇرۇش كېرەك. سۇ تېجەشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇپ، سۇنى دەرياغا قايتۇرۇش، ئاۋۋال يۇقىرى ئېقىنغا، ئاندىن تۆۋەن ئېقىنغا، ئاۋۋال تارماق ئېقىنغا، ئاندىن غول ئېقىنغا سۇ بېرىشتە چىڭ تۇرۇپ، دەريا يولى ۋە ساھىل رايونىنى ئۈنۈبېرسال يۈكسەلدۈرۈپ تۈزەش قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇپ، چوڭقۇر سۇ تېجەش، سۇنى كونترول قىلىش ھەرىكىتى قاتارلىقلارنى ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇپ، سۇ بايلىقىدىن تېجەشلىك، تۈجۈپىلىك پايدىلىنىشنى ئالغا سىلجىتىش كېرەك. لەنجۇ ـ شىنىڭ شەھەر توپىنىڭ تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتىش، خۇاڭخې دەرياسىنىڭ «几» خېتى شەكلى ئەگىملىرىدىكى مەركىزى شەھەر چەمبىرىكىنىڭ ماس تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتىش، شىئەن، جېڭجۇدەك دۆلەتمىزدىكى مەركىزى شەھەرلەرنىڭ تۈرتكىلىك رولىنى كۈچەيتىش، شەندۇڭ يېرىم ئارىلىدىكى شەھەرلەر توپىنىڭ باشلامچىلىق رولىنى جارى قىلدۇرۇش، خۇاڭخې دەرياسى بويىدىكى رايونلاردىكى مەركىزى شەھەرلەر ۋە شەھەرلەر توپىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك. سۇ ئارقىلىق يەرلەرنى بېكىتىش، سۇ ئارقىلىق ئىشلەپچىقىرىشنى بېكىتىشتە چىڭ تۇرۇپ، كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەشكە قىستاپ، زامانىۋى كەسىپ سىستېمىسىنى بەرپا قىلىش كېرەك. خۇاڭخې مەدەنىيەت مىراسلىرىنى سىستېمىلىق قوغداش قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇپ، خەلقئارا تەسىر كۈچكە ئىگە خۇاڭخې مەدەنىيىتى ساياھەت بەلبېغى بەرپا قىلىپ، خۇاڭخې مەدەنىيىتى تەشۋىقاتىنى قانات يايدۇرۇپ، خۇاڭخې مەدەنىيىتىنى زور كۈچ بىلەن ئەۋج ئالدۇرۇش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: چېڭدۇ ـ چۇڭچىڭ رايونى قوش شەھەر ئىقتىساد چەمبىرىكى قۇرۇلۇشىغا تۈرتكە بولۇش غەربىي رايوندا يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتنىڭ مۇھىم ئېشىش قۇتۇبىنى شەكىللەندۈرۈش، ئىچكى قۇرۇقلۇقتا ئېچىۋېتىش ئىستراتېگىيەلىك ئېگىزلىكى بەرپا قىلىشقا پايدىلىق بولۇپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتكە ھۆرمەت قىلىپ، سېلىشتۇرما ئەۋزەللىكنى جارى قىلدۇرۇپ، چېڭدۇ ـ چۇڭچىڭ رايونىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىپ، كەسىپ، نوپۇس ۋە تۈرلۈك ئىشلەپچىقىرىش ئامىللىرىنىڭ مۇۋاپىق يۆتكىلىشى ۋە يۇقىرى ئۈنۈملۈك توپلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، چۇڭچىڭ ۋە چېڭدۇنىڭ مەركىزى شەھەرلىك تۈرتكە بولۇش رولىنى يېنىمۇ كۈچەيتىپ، چېڭدۇ ـ چۇڭچىڭ رايونىنى پۈتۈن مەملىكەت بويىچە تەسىر كۈچكە ئىگە مۇھىم ئىقتىساد مەركىزى، پەن ـ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش مەركىزى، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىكى يېڭى ئېگىزلىك، يۇقىرى سۈپەتلىك تۇرمۇش كەچۈرۈشكە ۋە ئولتۇراقلىشىشقا باب كېلىدىغان جايغا ئايلاندۇرۇپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: چېڭدۇ ـ چۇڭچىڭ رايونى قوش شەھەر ئىقتىساد چەمبىرىكى قۇرۇلۇشى بىر تۈرلۈك سىستېما قۇرۇلۇشى، يۇقىرى قاتلاملىق لايىھەلەش ۋە بىرتۇتاش پىلانلاش ـ ماسلاشتۇرۇشنى كۈچەيتىپ، مەركىزى شەھەرلەرنىڭ تۈرتكىلىك رولىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ئامىللارنى بازارلاشتۇرۇپ تەقسىملەشنى يېنىمۇ كۈچەيتىپ، بىر گەۋدىلەشكەن تەرەققىيات ئىدىيەسىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، بىرتۇتاش پىلانلاپ، بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ ئورۇنلاشتۇرما قىلىپ، ئۆزئارا ھەمكارلىشىپ، ئورتاق يولغا قويۇپ، «قوش شەھەر خاتىرىسى»نى ياخشى ئېيتىش كېرەك. قاتناش ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، زامانىۋى كەسىپ سىستېمىسى قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىپ، ماسلىشىپ يېڭىلىق يارىتىپ تەرەققىي قىلىش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىپ، دۆلەت زېمىن بوشلۇقى ئورۇنلاشتۇرمىسىنى ئەلالاشتۇرۇپ، ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى ئاسراشنى كۈچەيتىپ، تۈزۈلمىدە يېڭىلىق يارىتىشنى ئالغا سىلجىتىپ، ئاممىۋى مۇلازىمەتنى ئورتاق بەرپا قىلىش، ئۇنىڭدىن ئورتاق بەھرىلىنىشنى يېنىمۇ كۈچەيتىش كېرەك.

مەركەز مالىيە ـ ئىقتىساد كومىتېتىنىڭ ئەزالىرى يىغىنغا قاتناشتى، مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرىدىكى مەسئۇل يولداشلار يىغىنغا سىرتتىن قاتناشتى.

# دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ چەت ئەلدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىلەرنى تەيىنلىدى ـ قالدۇردى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 1 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ قارارىغا ئاساسەن، چەت ئەلدە تۇرۇشلۇق تۆۋەندىكى باش ئەلچىلەرنى ۋەزىپىگە تەيىنلىدى ـ قالدۇردى:

بىرىنچى، جاۋ جيەنخۇانى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ فىلىپپىن جۇمھۇرىيىتىدە تۇرۇشلۇق ئالاھىدە تولۇق ھوقۇقلۇق باش ئەلچىلىك ۋەزىپىسىدىن قالدۇردى؛

خۇاڭ شىليەننى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ فىلىپپىن جۇمھۇرىيىتىدە تۇرۇشلۇق ئالاھىدە تولۇق ھوقۇقلۇق باش ئەلچىلىككە تەيىنلىدى.

ئىككىنچى، ۋاڭ باۋدۇڭنى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ تونگا پادىشاھلىقىدا تۇرۇشلۇق ئالاھىدە تولۇق ھوقۇقلۇق باش ئەلچىلىك ۋەزىپىسىدىن قالدۇردى؛

ساۋ شياۋلىننى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ تونگا پادىشاھلىقىدا تۇرۇشلۇق ئالاھىدە تولۇق ھوقۇقلۇق باش ئەلچىلىككە تەيىنلىدى.

# «شى جىنپىڭ شىيامېندا» «شى جىنپىڭ نىڭدېدا» نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 1 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش مۇساپىسى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئىككى زىيارەت خاتىرىسى «شى جىنپىڭ شىيامېندا» «شى جىنپىڭ نىڭدېدا» يېقىندا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى پارتىيە مەكتىپى نەشرىياتى تەرىپىدىن بىرلا ۋاقىتتا نەشر قىلىنىپ، پۈتۈن مەملىكەتتە تارقىتىلدى.

1985 ـ يىلى 6 ـ ئايدا، يولداش شى جىنپىڭ خېبېينىڭ جېڭدىڭ ناھىيەسىدىن ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ ئالدىنقى سېپىدىكى شەھەر فۇجيەن شىيامېنغا كېلىپ، شەھەرلىك پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، دائىمىي مۇئاۋىن شەھەر باشلىقى بولدى. قايناق ھېسسىياتقا تولغان گۈللىنىۋاتقان، ئېچىۋېتىلگەن بۇ مۇنبەت تۇپراقتا، ئۇ ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايوندىكى كەڭ قۇرغۇچىلار بىلەن مۈرىنى مۈرىگە تىرەپ كۈرەش قىلىپ، ئىزدىنىپ پۈتۈن ئۆلكە، ھەتتا پۈتۈن مەملىكەتتە ئىجادىيلىققا ۋە ئالدىن كۆرەرلىككە ئىگە ئىسلاھات تەدبىرلىرىگە تۈرتكە بولدى ھەم مول نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. «شى جىنپىڭ شىيامېندا» ناملىق كىتابتا جەمئىي 13 پارچە زىيارەت خاتىرىسى بار بولۇپ، يولداش شى جىنپىڭنىڭ ئەينى يىللاردىكى خىزمەتداشلىرى، ئۇچراشقان كادىرلار، ئاممىنىڭ ھەققىي بايانلىرى ئارقىلىق، ئۇنىڭ شىيامېندىكى خىزمەت كەچۈرمىشلىرى ۋە رەھبەرلىك سالاپىتى قايتا نامايان قىلىندى، ئۇنىڭ ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايون تەرەققىياتىنىڭ ئىلمىي قانۇنىيىتىنى چوڭقۇر ئىگىلەشتەك يىراقنى كۆرەرلىكى، ئاممىنىڭ ئويلايدىغىنىنى، ئالدىرايدىغىنىنى، ئۈمىد قىلىدىغىنىنى ھەققىي ھەل قىلىشتەك خەلقچىل رىشتى تولۇق نامايان قىلىندى.

1988 ـ يىلى 6 ـ ئايدىن 1990 ـ يىلى 4 ـ ئايغىچە، يولداش شى جىنپىڭ فۇجيەن نىڭدې ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى بولدى. ئەمدىلا 35 ياشقا كىرگەن ئۇ بۇ «ئىنقىلابىي كونا رايون، ئاز سانلىق مىللەت رايونى، چېگرا رايون، ئارال رايون، نامرات رايون» بولغان دېڭىز بويىدىكى ئانچە تەرەققىي قىلمىغان رايونغا كېلىپ، ئىشنى چوڭقۇر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشتىن باشلاپ، «ئاجىز قۇش بالدۇر ئۇچۇش» ئىدىيەسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، «تامچە سۇ تاشنى تېشىش» روھىنى تەشەببۇس قىلىپ، شەرقىي فۇجيەندىكى كادىرلار، ئاممىنى پۇختا، مەزمۇت قەدەمدە نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشقا يېتەكلىدى. «شى جىنپىڭ نىڭدېدا» ناملىق كىتابتا جەمئىي 19 پارچە زىيارەت خاتىرىسى بار بولۇپ، يولداش شى جىنپىڭنىڭ نىڭدېدىكى خىزمەت كەچۈرمىشلىرى ئوخشاش بولمىغان نۇقتىدىن ئەسلەپ ئۆتۈلۈپ، شىيادىڭغا ئۈچ قېتىم كىرىش، «تۆتنى ئاساسىي قاتلامغا چۈشۈرۈش»، «ئىقتىساد بۈيۈك خورى»نى ئېيتىش، «ھۆكۈمەت ئىشى بىلەن مېھمان كۈتۈشكە ئالاقىدار 12 ماددا»نى ئېلان قىلىش، كادىرلارنىڭ بەلگىلىمىگە خىلاپ ھالدا شەخسىي تۇرالغۇ سېلىشىنى تۈزەش قاتارلىق ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىش ھېكايىلىرى جانلىق بايان قىلىندى.

بۇ ئىككى زىيارەت خاتىرىسى شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ نەزەرىيە لوگىكىسى ۋە ئەمەلىيەت لوگىكىسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىش، ئۆزلەشتۈرۈشنى جانلىق دەرسلىك بىلەن تەمىنلىدى، پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلارنى «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىش، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىش، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇش، ئەسلى مەقسەت ۋە بۇرچنى تېخىمۇ ياخشى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىشكە يېتەكلەشتە مۇھىم تەربىيەۋى ئۈلگىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

نۇرغۇن مۇھىم ئورتاق تونۇش ھاسىل قىلىپ، جۇڭگو ـ موڭغۇلىيە مۇناسىۋىتىنى مۇھىم سىياسىي يېتەكچىلىك بىلەن تەمىنلىدۇق.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: مەن جۇڭگو ـ موڭغۇلىيە مۇناسىۋىتىنىڭ تەرەققىياتىغا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىمەن. يېڭى بىر يىلدا، مەن باتتۇلگا زۇڭتۇڭ بىلەن بىرلىكتە تىرىشىپ، جۇڭگو ـ موڭغۇلىيە ئومۇمىيۈزلۈك ئىستراتېگىيەلىك ھەمراھلىق مۇناسىۋىتىدە ئۈزلۈكسىز يېڭى ئىلگىرىلەشلەرنى قولغا كەلتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇپ، ئىككى دۆلەت ۋە ئىككى دۆلەت خەلقىگە بەخت يارىتىشنى خالايمەن.

باتتۇلگا تەبرىك تېلېگراممىسىدا مۇنۇلارنى بىلدۈردى: 2019 ـ يىلى موڭغۇلىيە ـ جۇڭگو ئىككى دۆلەت دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقىنىڭ 70 يىللىقىدىن ئىبارەت بۇ تارىخىي خاراكتېرلىك يىلنى داغدۇغىلىق تەبرىكلىدى. ئىككى دۆلەت خەلقىنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقىدا، موڭغۇلىيە ـ جۇڭگو ئومۇمىيۈزلۈك ئىستراتېگىيەلىك ھەمراھلىق مۇناسىۋىتىدە ھەر تەرەپلىمە تەرەققىيات قولغا كەلتۈرۈلدى. موڭغۇلىيە ـ جۇڭگو مەڭگۈلۈك قوشنا دۆلەت بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۆزلىرى تاللىغان تەرەققىيات يولى ۋە كۆڭۈل بۆلىدىغان مەنپەئەتكە ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىش بىلەن بىللە، يەنە باشتىن ـ ئاخىر ئۆز رايونىنىڭ بىخەتەرلىكى ۋە تەرەققىياتىغا كۈچ چىقاردى. مەن رەئىس شى جىنپىڭ بىلەن قويۇق ھەمكارلىقنى ساقلاشنى خالايمەن. جۇڭگونىڭ گۈللىنىشى، تەرەققىي قىلىشىغا تىلەكداشمەن.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

بولۇپمۇ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، 7 ـ قېتىملىق مەملىكەتلىك شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يېڭى دەۋردىكى شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتىنى پۇختا، ياخشى ئىشلەپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنىڭ شىنجاڭ سەھىپىسىنى ياخشى پۈتۈش ئۈچۈن يېڭى تۆھپە قوشۇش كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايونىنىڭ رەئىسى شۆھرەت زاكىر يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى؛ ئاپتونوم رايون ۋە بىڭتۇەن رەھبەرلىرىدىن شاۋكەت ئىمىن، نۇرلان ئەبىلمەجىن، سۇن جىنلۇڭ، لى پېڭشىن، ئەركىن تۇنىياز، سارقىت ئاقان، ياڭ يۈك، لىۋ جيەنمىڭ يىغىنغا قاتناشتى؛ مەركىزىي كومىتېت تەشكىلات بۆلۈمى كادىرلار 1 ـ ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى چېن يۇمىڭ يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى، ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت مىنىستىرلىقى ئادەم كۈچى بايلىقىنىڭ يۆتكىلىشىنى باشقۇرۇش مەھكىمىسىنىڭ 2 ـ دەرىجىلىك كۆزەتكۈچىسى ياڭ جۈنبې يىغىنغا قاتناشتى.

يىغىندا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ «9 ـ تۈركۈمدىكى ئۆلكە، شەھەرلەرنىڭ شىنجاڭغا ياردەم بېرىش خىزمىتىدىكى ئىلغار كوللېكتىپلارنى تەقدىرلەش توغرىسىدىكى ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش»ى، «9 ـ تۈركۈمدىكى ئۆلكە، شەھەرلەرنىڭ شىنجاڭغا ياردەم بېرىش خىزمىتىدىكى مۇنەۋۋەر شەخسلەرنى تەقدىرلەش، مۇكاپاتلاش توغرىسىدىكى قارار»ى ئوقۇپ ئۆتۈلدى؛ يىغىنغا قاتناشقان رەھبەرلەر تەقدىرلەنگەن ئىلغار كوللېكتىپ ۋە مۇنەۋۋەر شەخسلەر ۋەكىللىرىگە مۇكاپات تارقىتىپ بەردى.

چېن چۇەنگو ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە ھۆكۈمەت ھەم پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىغا ۋاكالىتەن، تەقدىرلەنگەن، مۇكاپاتلانغان ئىلغار كوللېكتىپ ۋە شەخسلەرنى قىزغىن تەبرىكلىدى، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى، تەرەققىياتىغا گەۋدىلىك تۆھپە قوشقان 9 ـ تۈركۈمدىكى ئۆلكە، شەھەرلەرنىڭ شىنجاڭغا ياردەم بەرگەن كادىرلىرى، ئىختىساسلىقلىرىغا ئالىي ئېھتىرام بىلدۈردى، 10 ـ تۈركۈمدىكى ئۆلكە، شەھەرلەرنىڭ شىنجاڭغا ياردەم بېرىدىغان كادىرلىرى، ئىختىساسلىقلىرىنى قىزغىن قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈردى، ئۇزاقتىن بۇيان شىنجاڭنىڭ تۈرلۈك ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا كۆڭۈل بۆلۈپ، مەدەت بېرىپ كېلىۋاتقان مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرى، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىۋاتقان ئۆلكە، شەھەرلەرگە چىن كۆڭلىدىن رەھمەت ئېيتتى.

چېن چۇەنگو مۇنداق دېدى: شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىشنى قانات يايدۇرۇش پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مۇھىم، زور تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىسى، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىش، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشنىڭ تەخىرسىز ئېھتىياجى، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشتىكى مۇھىم تەدبىر، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى مۇستەھكەملەش، كۈچەيتىشتىكى مۇھىم ۋاستە، سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ ئەۋزەللىكىنى نامايان قىلىشتىكى مۇھىم ئەمەلىيەت. يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، مەركىزىي كومىتېت تەشكىلات بۆلۈمى، ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت مىنىستىرلىقى قاتارلىق تارماقلارنىڭ قوللىشى، يېتەكچىلىكىدە، نىشانلىق ياردەم بېرىدىغان ئۆلكە، شەھەرلەرنىڭ كۈچلۈك تۈرتكىسىدە، 9 ـ تۈركۈمدىكى شىنجاڭغا ياردەم بەرگەن كادىرلار، ئىختىساسلىقلار يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئېسىل ئىستىلى ۋە پۇختا خىزمىتى ئارقىلىق شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىشتە مول نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈش، كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرگە ئېرىشىشكە تۈرتكە بولۇپ، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى، تەرەققىياتىغا ئائىت تۈرلۈك ئىشلارغا گەۋدىلىك تۆھپە قوشتى. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئامما بۇنى مەڭگۈ ئەستە ساقلايدۇ.

چېن چۇەنگو مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: ھازىر شىنجاڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكنى ئالغا سىلجىتىشنىڭ مۇھىم مەزگىلىدە تۇرۇۋاتىدۇ. 10 ـ تۈركۈمدىكى ئۆلكە، شەھەرلەرنىڭ شىنجاڭغا ياردەم بېرىدىغان كادىرلىرى يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، «تۆت ئاڭ»نى ھەققىي كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى زىچ چۆرىدەپ، مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەش خىزمەت باش رىتىمىدا چىڭ تۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، ئىقتىسادىي تەرەققىيات ۋە خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاشنى ئاساس قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، كىشىلەر قەلبىنى مۇجەسسەملەشنى مەقسەت قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، شىنجاڭغا ئومۇمىيۈزلۈك ياردەم بېرىش، شىنجاڭغا دەل جايىدا ياردەم بېرىش، شىنجاڭغا ئۇزاققىچە ياردەم بېرىشتە چىڭ تۇرۇپ، ئاچقۇچلۇق ھالقىلارنى چىڭ تۇتۇپ، كادىرلار، ئىختىساسلىقلار ئارقىلىق شىنجاڭغا ياردەم بېرىشكە دىققەتنى مەركەزلەشتۈرۈشى، كۈچىشى، ئىچكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچنى كۈچەيتىپ، كەسىپلەر ئارقىلىق شىنجاڭغا ياردەم بېرىشكە تۈرتكە بولۇشقا دىققەتنى مەركەزلەشتۈرۈشى، كۈچىشى، تىرىشىپ كىشىلەر قەلبىنى مۇجەسسەملەپ، خەلق تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش، ياخشىلاشقا دىققەتنى مەركەزلەشتۈرۈشى، كۈچىشى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىپ، ئالاقىلىشىش، ئالماشتۇرۇش، يۇغۇرۇلۇشقا دىققەتنى مەركەزلەشتۈرۈشى، كۈچىشى، مەدەنىيەتنى قەلبتىن ئېتىراپ قىلىشنى كۈچەيتىپ، مەدەنىيەت ئارقىلىق شىنجاڭنى ئوزۇقلاندۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىشقا دىققەتنى مەركەزلەشتۈرۈشى، كۈچىشى، شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارى قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىشقا تۈرتكە بولۇپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇش ئۈچۈن پائال كۈچ قوشۇشى كېرەك.

چېن چۇەنگو مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتلەر شىنجاڭغا ياردەم بېرىش خىزمىتىنى پۈتۈن ۋەزىيەت خىزمىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى قىلىشى، ھەرقايسى ياردەمگە ئېرىشكۈچى تارماقلار، ئورۇنلار خىزمەت مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، مۇلازىمەت كاپالىتىنى ياخشى قىلىشى كېرەك؛ شىنجاڭغا ياردەم بېرىدىغان كادىرلار، ئىختىساسلىقلارغا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، قاتتىق تەلەپ قويۇپ، ئۇلارنى دادىل ئىشلىتىپ، ئۇلارنىڭ تالانتىنى نامايان قىلىشقا كەڭ بوشلۇق ھازىرلاپ بېرىشى كېرەك؛ سىياسىي جەھەتتە رىغبەتلەندۈرۈش، خىزمەت جەھەتتە قوللاش، تەمىنات جەھەتتە كاپالەتلەندۈرۈش، پىسخىك جەھەتتە غەمخورلۇق قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، شىنجاڭغا ياردەم بېرىدىغان كادىرلار، ئىختىساسلىقلارغا ئائىلىسىدىكىلەردەك غەمخورلۇق ۋە ئىللىقلىقنى ھەقىقىي ھېس قىلدۇرۇشى كېرەك؛ تەشۋىقات سالمىقىنى زورايتىپ، پۈتۈن جەمئىيەتتە شىنجاڭغا ياردەم بېرىش خىزمىتىگە كۆڭۈل بۆلىدىغان، قوللايدىغان ياخشى كەيپىيات يارىتىش كېرەك.

تەقدىرلەنگەن ئىلغار كوللېكتىپ ۋە مۇنەۋۋەر شەخسلەر ۋەكىللىرى ھەمدە 10 ـ تۈركۈمدىكى ئۆلكە، شەھەرلەرنىڭ شىنجاڭغا ياردەم بېرىدىغان تايانچ ۋەكىللىرى يىغىندا سۆز قىلدى.

يىغىن تېلېۋىزىيە ـ تېلېفون يىغىنى شەكلىدە ئېچىلدى. 9 ـ تۈركۈمدىكى ئۆلكە، شەھەرلەرنىڭ شىنجاڭغا ياردەم بېرىش ئالدىنقى سەپ قوماندانلىق ئىشتابىنىڭ قوماندانلىرى ۋە تەقدىرلەنگەن شىنجاڭغا ياردەم بېرىشتىكى مۇنەۋۋەر كادىرلار، ئىختىساسلىقلار ۋەكىللىرى، 10 ـ تۈركۈمدىكى ئۆلكە، شەھەرلەرنىڭ شىنجاڭغا ياردەم بېرىدىغان تايانچلىرى، ئاپتونوم رايونلۇق شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتىنى ماسلاشتۇرۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىغا ئەزا ئورۇنلاردىكى ئاساسلىق مەسئۇل يولداشلار، ھەرقايسى ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقلىرى ئاساسىي يىغىن مەيدانىدا يىغىنغا قاتناشتى.

يىغىندىن بۇرۇن چېن چۇەنگو، شۆھرەت زاكىر قاتارلىقلار تەقدىرلەنگەن ئىلغار كوللېكتىپ ۋە مۇنەۋۋەر شەخسلەر ۋەكىللىرى بىلەن كۆرۈشتى ھەم كۆپچىلىك بىلەن سۈرەتكە چۈشۈپ خاتىرە قالدۇردى.